## 201387 ـ قارىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تاج كەيدۈرۈلىدۇ، دېگەن پەزىلەت ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

### سۇئال

قۇرئان ياد قىلغۇچىنىڭ چوڭ دادىسىغىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە تاج كەيدۈرۈلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا قىيامەت كۈنىدە (ئەگەر ئۇ تاج دۇنيادا بولۇپ قالسا دۇنيانىڭ ئۆيلىرىنى يورۇتقان قۇياش نۇرىدىن نۇرلۇق بولغان) تاج كەيدۈرۈلىدۇ، ئۆزى ئوقۇپ ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ مۇكاپىتى قانداق بولىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟». [ئىمام ئەھمەد "ئەررىسالە" ناملىق ئەسەر 15645 ـ ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد 1241 ـ ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، لېكىن شەيخ ئەلبانىيدىن باشقا مۇسنەدنى تەتقىق قىلغۇچىلار ھەسەن دېگەن].

بۇرەيدەتىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھىبۇل قۇرئان يەنى قۇرئان ياد قىلغۇچى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا ئىپسىل تاج كەيدۈرۈلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا دۇنيا ئەھلى قىممىتىگە يېتەلمەيدىغان بىر قۇردىن ئىككى قۇر كىيىم كەيدۇرۈلىدۇ، ئۇ ئىككەيلەن: بىزگە نېمە ئۈچۈن بۇ ئىپسىل كىيىم كەيدۈرۈلدى؟ دەيدۇ، ئۇلارغا: پەرزەنتىڭلار قۇرئان ياد قىلغانلىقى ئۈچۈن دەيدۇ، ئاندىن قۇرئان ياد قىلغان كىشىگە: قۇرئان ئوقۇغىن ۋە جەننەتنىڭ مەرتىۋىلىرى ۋە يۇقىرى ئۆيلىرىگە ئۆرلىگىن دېيىلىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئالدىرماي ئوقۇسۇن ياكى تېز ئوقۇسۇن ئوقۇغان ۋاقىتتا يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇرىدۇ». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 22950 ـ ھەدىس].

مۇسنەدنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ ھەدىسنى تەكشۈرۈپ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا بەشىر ئىبنى مۇھاجىر غەنەۋىي دېگەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسنىڭ ئىسنادى ھەسەن، باشقا راۋىلىرى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ راۋىلىرى دېگەن، ھاپىز ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ تەپسىر كىتابىنىڭ 1 ـ توم 62 ـ بەتتە بۇ ھەدىسنى ھەسەن دېگەن، بەزى يوللاردىن كەلگەن ئىسنادلار بۇ ھەدىسنىڭ

سەھىم ئىكەنلىكىگە شاھىت بولىدۇ".

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشىدىن: قۇرئان ياد قىلدۇرغانىنىڭ ساۋابى پەقەت ئاتاـئانىغا بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى ئەرەپچىدىكى ۋالىدەين دېگەن سۆز ئاتاـئانىنى بىلدۈرىدىغان ئىككىلىك سۆزدۈر، ئەگەر ئاتاـئانىدىن باشقا تۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا ئەلۋەتتە كۆپلۈك شەكىلدە بايان قىلىنغان بولاتتى. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.